# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 8 ـ ئاي
19
چارشەنبە
维吾尔文 8月19日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W
新疆日报网: www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   25158 ـ سان   بۈگۈن 4 بەت


## شىنجاڭدىن ئىككى دوختۇر
## 12 ـ نۆۋەتلىك «جۇڭگو دوختۇرلار مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈ مېگرەن خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ قېتىملىق جۇڭگو دوختۇرلار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، جۇڭگو دوختۇرلار جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى باھالاش، ئاخىرقى باھالاش كومىتېتلىرىنى قاراپ چىقىشقا تەشكىللىشى ئارقىلىق، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 80 دوختۇر 12 ـ نۆۋەتلىك «جۇڭگو دوختۇرلار مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر ئىچىدە ئىككى دوختۇر شىنجاڭدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى ياڭ يىنىڭ، شىخەنزە داشۆسى تىببىي شۆيۈەنى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ مۇدىر ۋىراچى، پىروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى ۋۇ شياڭۋېي.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### جۇڭگو دوختۇرلار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە

# شى جىنپىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەرنى بايراملىق تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو دوختۇرلار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەرنى بايراملىق تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەر سەھىيە ـ ساغلاملىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولىدىغان مۇھىم كۈچ. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەر پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىپ، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، كېسەل ئالۋاستىسى بىلەن ئېلىشىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مۇھىم، زور تۆھپە قوشۇپ، ھاياتلىقنى قەدىرلەيدىغان، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزىدىغان ئالىيجاناب روھنى نامايان قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەر خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، تىببىي ئەخلاقنى قەدىرلەپ، داۋالاش تېخنىكىسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، تىببىي ئىستىلغا ئەمەل قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، تىبابەتچىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ساغلام جۇڭگو قۇرۇش، خەلقنىڭ ساغلاملىقى، بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر، پۈتۈن جەمئىيەت تىببىي خىزمەتچىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇلارنى ئاسراپ، ئۇلار ئىش ئىزلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشنى قوللاپ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە دوختۇرلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، سەھىيەگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىياتنى كەڭ دائىرىدە شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

## ھال سوراش خېتى

**شىنجاڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە ياردەم بېرىۋاتقان گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، تىببىي خادىملىرى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەر:**

جۇڭگو دوختۇرلار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەرنى بايراملىق تەبرىكلىگەنلىكى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىغانلىقى ھەم سەممىي ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەھىيە ـ ساغلاملىق خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھىنى تولۇق نامايان قىلدى، بۇ، كەڭ تىببىي خادىملارغا بولغان تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئالاھىدە غەمخورلۇق بولۇپ، بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىمىز، داۋالاش، سەھىيە ـ ساغلاملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن ئېنىق ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 3 ـ قېتىملىق جۇڭگو دوختۇرلار بايرىمى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، تىببىي خادىملىرى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەرگە بايراملىق بەخت تىلەيدۇ، ئۇلاردىن سەممىي ھال سورايدۇ ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ! كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەرنى ئۈن ـ تىنسىز قوللىغان ۋە ئۇلارغا ئىلھام بەرگەن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، شىنجاڭنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن، قوللىغان، شىنجاڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە پائال ئاتلانغان جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكىلەرگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ!

تېخنىكىسى كامالەتكە يەتكەن دوختۇرلار ئالىيجاناب پەزىلىتى بىلەن چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتىنى يەتكۈزمەكتە. ئۆزاقتىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەر پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، «ھاياتلىقنى قەدىرلەش، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىش، ئۆزىنى بېغىشلاش، چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈش»تەك ئالىيجاناب روھنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىنى قوغداش، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، تويۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، سىلەر شەخسىي مەنپەئەتىڭلارنى قۇربان قىلىپ كوللېكتىپنى ئويلاپ، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايون جۇڭگو دوختۇرلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

### چېن چۈەنگو سۆز قىلدى ھەم شىنجاڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە ياردەم بېرىۋاتقان گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، تىببىي خادىملىرى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەرگە بايراملىق بەخت تىلىدى

### شۆھرەت زاكىر قاتناشتى   لى پېڭشىن رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈك، ۋاڭ شىگرۈي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون جۇڭگو دوختۇرلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دوختۇرلار بايرىمى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىببىي خادىملارنى ھۆرمەتلەيدىغان، سەھىيەگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەرنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، ساغلام جۇڭگو قۇرۇش، خەلقنىڭ ساغلاملىقى، بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا، بېيجىڭ داشۆ 1 ـ دوختۇرخانىسى يۇقۇملۇق كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ گۈيچياڭ، بېيجىڭدىن دىتەن دوختۇرخانىسى يۇقۇملۇق كېسەللەر مەركىزىنىڭ مۇدىر ۋىراچى جياڭ رۇڭمېڭ، خاربىن تىببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى يۈ كەيجياڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى لۇ چېن، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا كۆكرەك تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچى جۈرئەت ئەنۋەر قاتارلىق ۋەكىللەر سۆز قىلدى. كۆپچىلىك خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە قاتنىشىش تەسىراتىنى سۆزلىدى ھەم شىنجاڭنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» ھەرىكىتى 260 مىڭدىن ئارتۇق نامرات دېھقان ـ چارۋىچىنى مەنپەئەتلەندۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئىگىلىشىچە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «ئونمىڭ كارخانا ئونمىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» تىزىملىكىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» ھەرىكىتىگە قاتناشقان پۇقراۋى كارخانا 1345كە يېتىپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشكە ئېرىشكەن نامرات كەنت جەمئىي 1342 بولغان؛ 73 مىڭ 610 ئائىلىلىك 266 مىڭ 321 نامرات دېھقان ـ چارۋىچىغا ياردەم بەرگەن، يۆلىگەن؛ كەسىپلەر بويىچە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مەبلىغى 1 مىليارد 947 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

2015 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى قاتارلىقلار «ئونمىڭ كارخانا ئونمىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» ھەرىكىتىنى رەسمىي باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق پۇقراۋى كارخانىنى قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق نامرات كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشىگە ياردەم بەردى. 2016 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىز «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» پائالىيىتىنى ماس ھالدا تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 23 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلار ۋە تىببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار جەمئىي 600دىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تىببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)




8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ ICU2 ئاغرىقلار رايونىدا، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يېتەكچىسى ئايگۈزەل ئابلىمىت (ئوڭدا) خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە ئاغرىقنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەقتىدار مەشىقى قىلىشىغا ياردەملەشمەكتە. پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شيې لۈك فوتوسى

## ئۇلار «ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ» كېچە ـ كۈندۈز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز چاۋ جىن، يۈ مېگرەن، سۇ لۈپىڭ**

8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 3 ـ قېتىملىق جۇڭگو دوختۇرلار بايرىمى. باش شۇجى شى جىنپىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەرنى بايراملىق تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى، كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى.

بۇ ئالاھىدە بايرام يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە كېچە ـ كۈندۈز جاسارەت بىلەن

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاق خالاتلىق جەڭچىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرەيلى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش روھىنى ئەۋج ئالدۇرايلى

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

3 ـ قېتىملىق جۇڭگو دوختۇرلار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەرنى بايراملىق تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەر يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مۇھىم، زور تۆھپە قوشۇپ، ھاياتلىقنى قەدىرلەيدىغان، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزىدىغان ئالىيجاناب روھنى نامايان قىلدى؛ ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: «پۈتۈن جەمئىيەتتە دوختۇرلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، سەھىيەگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىياتنى كەڭ دائىرىدە شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك». باش شۇجىنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى مۇقەررەركى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا تىببىي خىزمەتچىلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇلارغا كۆيۈنىدىغان جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەيدۇ.

يۇقۇمنىڭ ئۆزى بۇيرۇق، ئاق خالات بولسا جەڭ كىيىمى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ تىببىي خىزمەتچىلەر ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)